(بېشى 7 ـ بەتتە)

ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك ئاشتى. ھەر خىل شەكىلدىكى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە تەربىيىلەش ئارقىلىق، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئەمگەك ماھارىتى ئومۇميۈزلۈك ئۆستى، نۇرغۇن كىشى كارخانىلاردىكى ئىش ئورنى ماھىرى، تېخنىكا تايانچىسىغا ئايلاندى، بىر قىسىم كىشىلەر باشقۇرغۇچىغا ئايلاندى، بىر قىسىم كىشىلەر ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەپ لوبەن بولدى. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ كېرىيە ناھىيەسى سىيەك يېزىسىدىكى ئامىنە ئوبۇل ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بىر ئېنېرگىيە كارخانىسىغا كېلىپ ئىشلىگەندىن كېيىن، كۆپ ئىش ئورنىدا چېنىقىپ، ئۈچ يىل ۋاقىتتا كەسپىي تايانچقا ئايلىنىپ، كارخانا تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر خىزمەتچى» بولۇپ باھالاندى. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ گۇما ناھىيەسىدىكى ئارزۇگۈل ئىسكەندەر ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ چاۋخۇ شەھىرىدىكى بىر توقۇمىچىلىق كارخانىسىدا ئىشلەپ، پېشقەدەم خىزمەتچىلەرنىڭ قولمۇقول ياردىمى، يېتەكلىشى بىلەن، كارخانىنىڭ تېخنىكا ماھىرىغا ئايلىنىپ، ئۇستام بولدى. ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ كۇچا شەھىرىدىكى ئادىلە ئابلەت 2018 ـ يىلى بېيجىڭ كىيىم ـ كېچەك شۆيۈەنىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن يۇرتىغا قايتىپ ئىگىلىك تىكلەپ، ھۆكۈمەتنىڭ ياردەم بېرىشى ـ يۆلىشىدە بىر كىيىم ـ كېچەك شىركىتى قۇردى، 2019 ـ يىلى 2 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەھسۇلات قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، 40 نەچچە ئائىلىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى. ئالتاي شەھىرىدىكى جىبەك نۇرلانقان مېيىپ بولۇپ، داشۆنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن يۇرتىغا قايتىپ كەلدى، يەرلىكتىكى ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارمىقى ئۇنى ئىگىلىك تىكلەش كۇرسىغا قاتنىشىشقا ئورۇنلاشتۇردى ھەم ئۇنىڭ 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ تېپىشىغا ياردەم بەردى، ئۇ ئاقىيق تۈرلۈك ماللار دۇكىنىنى تىزىمغا ئالدۇرۇپ، ئاساسلىقى قازاق كەشتىچىلىك قول ھۈنەر بۇيۇملىرى تىجارىتى قىلىپ، ئېيىغا 6000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلدى.

ئىدىيەۋى قاراش ئۈزلۈكسىز ئۆزگەردى. ئىلگىرى بىر قىسىم ئامما پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بەرمەيتتى، ئەرلەرنى ئەتىۋارلاپ، ئاياللارنى كەمسىتىش ئىدىيەسى ئېغىر، ئىشقا ئورۇنلىشىش قارىشى قالاق ئىدى، ساقلاپ تۇرۇش، تايىنىۋېلىش، تەلەپ قىلىشقا ئادەتلەنگەنىدى؛ بۈگۈنكى كۈندە «گۈزەل تۇرمۇش ئەمگەككە تايىنىپ يارىتىلىدۇ» «بەخت كۈرەش قىلىشتىن كېلىدۇ» دېگەن ئىدىيە كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئەمگەك ئېڭى، ئىگىلىك تىكلەش ئارزۇسى، كۈرەش قىلىش روھى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى. مەسىلەن، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەكىت ناھىيەسى ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىش ئورنى تونۇشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزگەندە، نۇرغۇن ئامما ئىش ئورنى ئۇچۇرلىرى بويىچە بەس ـ بەس بىلەن مەسلىھەت سوراپ، پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەكلىپ قىلىشقا تىزىملاتتى، مەيدان ناھايىتى قىزىپ كەتتى. بىر قىسىم ئامما ئۆزى بىلەن بىر كەنتتىكى سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىپ قايتىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ ھەقىقىي پۇل تاپقانلىقىنى، مودا بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، سىرتقا چىقىپ كۆرۈپ باققۇسى، بىرەر ئىش قىلغۇسى، ئۆزىنى ئۆزگەرتكۈسى ھەم ئائىلىسىدىكىلەرنى ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرگۈسى بارلىقىنى بەس ـ بەستە بىلدۈردى. ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ باي ناھىيەسى كانچى يېزىسىدىكى ئابلىمىت قېيۇم شىنجاڭ ۋە باشقا ئۆلكە(شەھەر)لەر ئوتتۇرىسىدا بېرىپ ـ كېلىپ سودا قىلدى، ئۇ دائىم مۇنداق دەيدۇ: «مەن ھازىرقى ھالىتىمدىن قانائەتلىنىپ قالمايمەن، مەن تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلەپ، ئۆگىنىپ، گۈزەل زامانىۋى تۇرمۇش كەچۈرىمەن.» خوتەن شەھىرىنىڭ تۇساللا يېزىسىدىكى روزىنىسا ئىمىن 2019 ـ يىلى 3 ـ ئايدا فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ جىنجياڭ شەھىرىگە بېرىپ ئىشلەشكە تىزىملاتتى، ئۇ تاپقان پۇلى بىلەن ئائىلىسىنىڭ خاس باقمىچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بەردى. ئۇنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن، ئەمدىلا كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئىنىسىمۇ فۇجيەنگە بېرىپ ئىشقا ئورۇنلىشىپ، بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى ئويلىدى.

كىشىلىك ھايات غايىسى ئىشقا ئاشتى. نۇرغۇن كىشى ئۆز ئالدىغا تاللاش ئارقىلىق ئۆزىگە ماس كېلىدىغان خىزمەت تاپتى. ئۇلار يېزىدىن شەھەرگىچە، ئېتىز بېشىدىن ئىشلەپچىقىرىش سېخىغىچە، دېھقاندىن ئىشچىغا ئايلىنىپ، ماھارەت ئۆگىنىپلا قالماي، كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشنى ئىشقا ئاشۇردى، تېخىمۇ مۇھىمى نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، بىلىمى، قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇپ، كىشىلىك ھايات قىممىتىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر ھازىرقى خىزمەت، تۇرمۇش ئەھۋالىدىن رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى، كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئۈمىدكە تولدى. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ خوتەن ناھىيەسىدىكى مەمەتتوختى ئىمىنتوختى ئىزچىل ئاشخانا ئېچىشنى ئارزۇ قىلاتتى، 2017 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بىر ئاشخانىدا شاگىرت بولۇپ، ناھايىتى

# شىنجاڭنىڭ ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كاپالىتى

تېزلا جۇڭگوچە ئۇن تائاملار تېخنىكىسىنى ئىگىلەپ، ئۇستامنىڭ ياردىمىدە بىر ئاشخانا ئېچىپ، خېرىدارلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئۇلۇغچات ناھىيەسى بۆرتوقاي يېزىسىدىكى پاشاگۈل كېرەم قىزغىنلىق بىلەن ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق ئىشلىرىغا قاتنىشىپ، خۇشاللىق بىلەن باشقىلارغا ياردەم بېرىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 500دىن ئارتۇق يۇرتداشنى باشلاپ گۇاڭدۇڭغا بېرىپ ئىشلەمچىلىك قىلىپ، كۆپچىلىكنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىپ، مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتىكى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش مۇكاپاتى ۋە «مەملىكەتلىك 1 ـ ماي ئەمگەك مېدالى»غا ئېرىشتى.

ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش، يۇغۇرۇلۇش تېخىمۇ قويۇقلاشتى. ھەر مىللەت ئەمگەكچىلەر بىللە ئىشلەپ، بىللە ئۆگىنىپ، بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ئۆزئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۆزئارا ھېسسىياتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خۇددى ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللاردەك بىر ـ بىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىپ، چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ ئۆزئارا ياردەم بېرىشنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى پۈتۈپ چىقتى. جياڭسۇ ئۆلكىسىدىكى بىر ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى كارخانىسى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلىرىدىن كەلگەن 16 مىللەتتىن بولغان 200گە يېقىن خىزمەتچى قوبۇل قىلدى، ھەر مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر دائىم بىرلىكتە ناخشا ئېيتىدۇ، ئۇسسۇل ئوينايدۇ، يىغىلىش قىلىدۇ، نەرسە سېتىۋالىدۇ، ساياھەت قىلىدۇ، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا بىللە پولۇ، كاۋاپ قاتارلىق ئۆزگىچە ئېسىل تاماقلارنى ئېتىپ يەيدۇ، مۇناسىۋىتى تولىمۇ ئىناق بولۇپ، خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئۆتىدۇ. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ ئايال خىزمەتچىسى يوۋ لياڭيىڭ كېۋەز ۋە مېۋە ـ چېۋە تېرىقچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇپ، نەچچە يۈز كىلومېتىر كېلىدىغان قۇملۇقنى 17 قېتىم كېسىپ ئۆتۈپ، نەچچە مىڭ ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىلغار تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشىگە قىزغىن ياردەم بېرىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەن بىللە، مىللەتلەر ھېسسىياتىنى كۈچەيتتى. ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، ئۇ خوتەن ۋىلايىتىنىڭ گۇما ناھىيەسىدىكى دېھقان مەمەتتۇرۇپ مۇساقا شەخسىيەتسىز ياردەم بېرىپ كەلدى، مەمەتتۇرۇپ مۇساق يەنە مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈشنى داۋاملاشتۇرۇپ، جەمئىيەتكە جاۋاب قايتۇردى، بۇ تەسىرلىك ھېكايە تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىغا كەڭ تارقالدى.

## ئالتىنچى، خەلقئارا ئەمگەكچىلەر ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمىنى پائال ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى

شىنجاڭ ئاكتىپ بولغان ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئەمگەك ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە قانۇن بويىچە كاپالەتلىك قىلىپ، تىرىشىپ كەڭ ئەمگەكچىلەرنىڭ قەدىر ـ قىممەت بىلەن ئەمگەك قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى، گۈزەل تۇرمۇش يارىتىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئورتاق قىممەت ئىنتىلىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، جەمئىيەت ئادىللىقى، ھەققانىيلىقىنى قوغداپ، ئادەمنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

خەلقئارا ئەھدىنامىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلدى. جۇڭگو خەلقئارا ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتىنى قۇرغۇچى ئەزا دۆلەت، دائىمىي ئەزا دۆلەت بولۇپ، «ئەر ـ ئايال ئىشچىلارنىڭ ئوخشاش ئىشقا ئوخشاش ھەق بېرىش ئەھدىنامىسى» «ئىشقا ئورۇنلىشىشقا رۇخسەت قىلىش ئەڭ تۆۋەن ياش چېكى ئەھدىنامىسى» «بالا ئىشچىلارنى ئەڭ ناچار شەكىلدە ئەمگەككە سېلىشنى چەكلەش ۋە دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ تۈگىتىش ئەھدىنامىسى» «ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە كەسىپ جەھەتتە كەمسىتىلىشنى تۈگىتىش ئەھدىنامىسى»دىن ئىبارەت تۆت يادرولۇق ئەھدىنامىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 26 خەلقئارا ئەمگەكچىلەر ئەھدىنامىسىنى تەستىقلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ «ئىقتىساد، جەمئىيەت ھەم مەدەنىيەت ھوقۇق ـ مەنپەئەت خەلقئارا ئەھدىنامىسى» «بارلىق شەكىلدىكى ئىرقىي كەمسىتىشنى تۈگىتىش خەلقئارا ئەھدىنامىسى» «ئاياللارغا قارىتىلغان بارلىق شەكىلدىكى كەمسىتىشنى تۈگىتىش ئەھدىنامىسى» «قاتتىق جازا ۋە باشقا قەبىھ، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ياكى كىشىلىك قەدىر ـ قىممەتكە ھاقارەت كەلتۈرىدىغان مۇئامىلە ياكى جازانى چەكلەش ئەھدىنامىسى» «بالىلار ھوقۇق ـ مەنپەئەتى ئەھدىنامىسى» «مېيىپلەر ھوقۇق ـ مەنپەئەتى ئەھدىنامىسى» «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ دۆلەت ھالقىغان تەشكىللىك جىنايەتكە زەربە بېرىش ئەھدىنامىسىنىڭ نوپۇس بولۇپمۇ ئاياللار ۋە بالىلارنى توشۇپ سېتىش قىلمىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، چەكلەش ۋە جازالاش توغرىسىدىكى تولۇقلىما كېلىشىمنامىسى» قاتارلىق خەلقئارا شەرتنامىلەرنى تۈزگۈچى دۆلەت. جۇڭگو خەلقئارا ئەمگەكچىلەر ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمىنى پائال قوبۇل قىلىپ ۋە ئايلاندۇرۇپ، قانۇن چىقىرىش، سىياسەت تۈزۈش ھەم يولغا قويۇش ئارقىلىق، ئەمگەكچىلەرنىڭ تۈرلۈك ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى، بالا ئىشچى ئىشلىتىشنى قاتتىق چەكلىدى، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشقا قارشى تۇردى، ئىشقا ئورۇنلىشىشتا كەمسىتىلىشكە قارشى تۇردى، خىزمەت سورۇنىدىكى جىنسىي پاراكەندىچىلىككە قارشى تۇردى، قانۇنسىز ئىشچى ئىشلىتىشنى تۈزەش ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىش قاتارلىق مەخسۇس ھەرىكەتلەرنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئەمگەك ساھەسىدىكى تۈرلۈك قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلارنىڭ ئالدىنى ئالدى ۋە ئۇنى جازالىدى. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كاپالىتى مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئادا قىلىپ، ئوخشاش بولمىغان رايون، ئوخشاش بولمىغان مىللەت، ئوخشاش بولمىغان تەرەققىيات سەۋىيەسىدىكى ئاممىنىڭ تولۇق ئىشقا ئورۇنلىشىشى ۋە تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشى ـ ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولۇپ، خەلقئارا ئەمگەكچىلەر ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمىنىڭ تەرەققىي تاپمىغان مىللىي رايونلاردىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتىگە ئايلاندى.

نامراتلىقنى تۈگىتىش يولى ئۈستىدە ئىزدەندى. نامراتلىقنى تۈگىتىش ئىنسانلار ئىنتىزار بولۇپ كەلگەن غايە، شۇنداقلا كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 2030 ـ يىل ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارالمىسى «پۈتۈن دۇنيادا بارلىق شەكىلدىكى نامراتلىقنى تۈگىتىش»نى ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنىڭ ئەڭ مۇھىم نىشانى قىلىپ بېكىتىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ نامراتلىقنى تۈگىتىشكە بولغان جىددىي تەقەززاسىنى ئىپادىلىدى. جۇڭگو بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قارالمىسىنى پائال ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەنىڭ بارلىق جۇڭگو خەلقىنىڭ ھاللىق سەۋىيەسى ئىكەنلىكىدە، بىرمۇ مىللەتنى سەپتىن چۈشۈرۈپ قويماسلىقتا چىڭ تۇردى. شىنجاڭ باشتىن ـ ئاخىر تەرەققىيات ئارقىلىق كىشىلىك ھوقۇقنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، ئىقتىدار قۇرۇلۇشى، ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تېررورىزم، ئەسەبىيلىكنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىش بىلەن بىللە، جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى ئىشقا ئاشۇردى، نامرات نوپۇس زور دەرىجىدە ئازايدى، نامراتلىقنىڭ يۈزبېرىش نىسبىتى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىدى. 2013 ـ يىلدىن 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدا جەمئىي 25 نامرات ناھىيە قالپىقىنى ئېلىۋەتتى، 3107 نامرات كەنت نامراتلىقتىن چېكىندى، نامراتلىق يۈزبېرىش نىسبىتى 19.4%تىن 1.24%كە تۆۋەنلىدى. 2014 ـ يىلدىن 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، جەمئىي 737 مىڭ 600 ئائىلە، 2 مىليون 923 مىڭ 200 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، 2020 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى تولۇق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بولىدۇ. شىنجاڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى كاپالەتلەندۈرۈش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋە ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قاتارلىق دۇنيا خاراكتېرلىك قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ يېڭى يولىنى ئىزدەپ تاپتى.

قەدىر ـ قىممەت بىلەن ئەمگەك قىلىش تەشەببۇسىغا ئاۋاز قوشتى. بارلىق ئەمگەكچىلەرنى قەدىر ـ قىممەت بىلەن ئەمگەك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، بۇ ئارقىلىق ئادەمنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش خەلقئارا ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتىنىڭ مۇھىم تەشەببۇسى، شۇنداقلا كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىش ۋە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ تېگىشلىك مەزمۇنى بولۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئورتاق تونۇشى ۋە ئىنتىلىشىنى ئەكس ئەتتۈردى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى باشتىن ـ ئاخىر ئادەمنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلقئارا ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتىنىڭ تەشەببۇسىغا پائال ئاۋاز قوشۇپ، «جۇڭگونىڭ قەدىر ـ قىممەتلىك ئەمگەك دۆلەت پەرقى پىلانى(2016 ـ يىلدىن 2020 ـ يىلغىچە)»نى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قەدىر ـ قىممەت بىلەن ئەمگەك قىلىش ئىدىيەسىنى دۆلەت سىياسىتى ۋە تەرەققىيات يىرىك پىلانىغا سىڭدۈردى. شىنجاڭ دۆلەتنىڭ ئالاقىدار سىياسەت، تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىش، ئەمگەكچىلەرنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش، ئەمگەك مۇھىتى ۋە شارائىتىنى ياخشىلاش، ئەمگەكچىلەرنىڭ قىممىتىنى گەۋدىلەندۈرۈش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىشقا كۈچەپ، ھەر مىللەت ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەركىن، باراۋەر، بىخەتەر ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتكە ئىگە شارائىتتا ئىشلىشىگە كاپالەتلىك قىلىپ، كەڭ ئەمگەكچىلەرنىڭ قەدىر ـ قىممىتى بىلەن ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمگەك قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش قانۇنى» قاتارلىق قانۇنلاردىكى بەلگىلىمە ۋە تەلەپلەرگە قاتتىق ئاساسلىنىپ، مەۋقەنى ئۆز رايونىنىڭ ئەمەلىيىتىگە قويۇپ، بىر قاتار كۈچلۈك سىياسەت، تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تۈرلۈك چارە ـ ئاماللار بىلەن ھەر مىللەت ئەمگەكچىلەرنىڭ مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ياردەم بەردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ شەھەر ـ بازارلاردا تىزىملانغان ئىشسىزلىق نىسبىتىنىڭ 3.5%تىن تۆۋەن بولۇشىنى ساقلاپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئەمگەك ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلىپ، ياشاش ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقىنى تېخىمۇ يۇقىرى قاتلام ۋە تېخىمۇ كەڭ مەنىدە ئىشقا ئاشۇرۇشقا پۇختا ئاساس سالدى.

## ئاخىرقى سۆز

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ «ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەڭ چوڭ خەلق تۇرمۇشى» دەپ تەكىتلىدى. خەلقئارا ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتى ماقۇللىغان «يەر شارىۋى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قارالمىسى»دا: «ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش نامراتلىقنى تۈگىتىشنىڭ يادروسى» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. قەدىر ـ قىممەت بىلەن ئەمگەك قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئەمگەكچىلەرنىڭ ياشىشى، تەرەققىي قىلىشى، ئائىلىسىنىڭ ئىناق، بەختلىك بولۇشى، جەمئىيەتنىڭ ئەبەدىي ئەمىن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم. شىنجاڭ ئاكتىپ ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كاپالىتى سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلىشىش ئاساسىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى كۈچلۈك قوغداپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ گۈزەل تۇرمۇش يارىتىش ئارزۇسىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە قاندۇردى.

بىر مەزگىلدىن بۇيان، خەلقئارادىكى بىر قىسىم كۈچلەر ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى بىر تەرەپلىمە قارىشى ۋە جۇڭگوغا قارشى تۇرۇش ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن غايەت زور تىرىشچانلىقىغا كۆز يۇمۇپ، كىشىلىك ھوقۇق جەھەتتە قوش ئۆلچەم قوللاندى. ئۇلار پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، ئاتالمىش شىنجاڭ «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» مەسىلىسىنى خالىغانچە كۆپتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كاپالىتى خىزمىتىگە قارا چاپلاپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئەمگەك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ، ئۇلارنى ئۆزىنى ئايرىۋېتىدىغان، بېكىنمە، قالاق نامرات ھالەتتە مەڭگۈ ياشايدىغان قىلىپ قويۇشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇندى، بۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈزەل، بەختلىك تۇرمۇشقا ئىنتىلىشىگە قارىتىلغان ئەكسىيەتچىلىك بولۇپ، ھەققانىيەت، تەرەققىياتنى سۆيىدىغان بارلىق كىشىلەرنىڭ قەتئىي قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىشى كېرەك.

كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىش ۋە كاپالەتلىك قىلىش جۇڭگونىڭ ئاساسىي قانۇن پرىنسىپى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتى پۇقرالارنىڭ ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلىشىش ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىشقا باشتىن ـ ئاخىر ئەھمىيەت بېرىپ، قەتئىي تۈردە ھەرقانداق شەكىلدىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشنىڭ ئالدىنى ئالدى ۋە ئۇنى تۈگەتتى. شىنجاڭنىڭ ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كاپالىتى سىياسىتى ھەم ئۇنىڭ ئەمەلىيىتى جۇڭگونىڭ ئاساسىي قانۇن، قانۇنلىرىغا ئۇيغۇن، خەلقئارا ئەمگەكچىلەر ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇش كەچۈرۈش كۈچلۈك ئارزۇسىغا لايىقلاشقان بولۇپ، خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزدى، خەلق رايىغا ئۇيغۇنلاشتى، خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقتى.

ئەمگەك تۇرمۇشنى ئۆزگەرتىدۇ، ئەمگەك بەخت يارىتىدۇ. كەلگۈسىگە نەزەر سالساق، شىنجاڭ خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئاساسى دېگەن ئىدىيەدە چىڭ تۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش ئىستراتېگىيەسى ۋە تېخىمۇ ئاكتىپ بولغان ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇش ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشىدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**